# 96604 - ئېرى ئايالىغا: ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭنى تالاق دەپ ئويلىغىن دېگەنلىك توغرىسىدا

## سوئال

ئايالىم ھەيزدار ۋاقتىدا ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى، مەن ئايالىمغا: ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭنى تالاق دەپ ئويلىغىن دېدىم، تەبىئىكى مېنىڭ مەقسىدىممۇ ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنى تالاق قىلىۋېتىش ئىدى، ئۇ ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنى تالاقمۇ قىلمىدىم ۋە يېقىنچىلىقمۇ قىلمىدىم، كۆڭلۈمدە: ئەگەر تالاق قىلغان بولسام قايتۇۋالغان بولاي دېدىم، مۇشۇنداق لەپزى بىلەنمۇ تالاق چۈشەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىزنىڭ نىيىتىڭىزدە ئايالىڭىز ھەيزدىن پاك بولغاندا تالاق قىلىش بولۇپ، پاك بولغاندىن كېيىن تالاق قىلمىغان بولسىڭىز بۇ سۆز بىلەن تالاق چۈشمەيدۇ، بىز سىزنىڭ سوئالىڭىزنى دوكتۇر خالىد مۇشەيقىھكە سۇنساق، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەردى: ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن، بۇنداق سۆز بىلەن تالاق چۈشمەيدۇ، چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ مەقستى كەلگۈسىدە تالاق قىلىش بولۇپ، تالاق قىلمىدى ۋە تالاقمۇ چۈشمىدى".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.